## نەسىرىدىن ئەپەندى

ئۇنىڭ نامىنىڭ ئۆزىنى ئاڭلاش بىلەنلا بىر كۈلۈمسىرەپ قويمايدىغان ئادەم بارمىكىن؟ نەسىرىدىن ئەپەندى دېگەندە ھەم خۇشچاقچاق ھەم تاپقۇر ۋە ئەڭ قىيىن مۇئەممالارنى بىرپەستە ھەل قىلىۋېتىدىغان دانىشمەن، ۋە تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاددى بىر ۋەقە ئالدىدا ھاڭ-تاڭ بولۇپ ساقىلىنى تۇتاملاپ خىيالغا چۆكۈپ كېتىدىغان ساددە دىل ئادەم كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇ ئادەمنى پۈتۈن شەرق تونۇيدۇ ۋە ئۆزىگە يېقىن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ نامى ئوتتۇرا ئاسىيادا، كاۋكازدا، ئافرىقىدىكى خېلى مەملىكەتلەردە، ئەرەبىستان تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان، ھىندىستان، جۇڭگو ۋە ھەتتا ھىندونېزىيىدىمۇ كۆپچىلىككە تونۇش. ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ، ئەقىللىرى، قىلمىشلىرى بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى ئادەملەرنى كۈلدۈرۈپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نەسىرىدىن ئەپەندى نىڭ قىياپىتى ئوتتۇرا ئاسىيا، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن شەرق خەلقلىرىنىڭ ياخشى كۆرگەن فولكلور قەھرىمانى بولۇپ قالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ زېرەك ئەقلى ۋە ئۆتكۈر تىلى بىلەن شاھلار، ئەمەلدارلار، روھانىلار ۋە باشقىلارنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلىپ، خەلقلەرنى روھلاندۇرۇپ كەلمەكتە.

نەسىرىدىن ئەپەندى ناھايىتىمۇ قېرى. ئۇنىڭ يېشى مىڭدىن ئاشقان دېيىشىدۇ، لېكىن ئۇ خەلق قەلبىدە خۇشچاقچاق ياش [illegible]اپ كەلمەكتە.

ئۇ بەزى خەلقلەر ئارىسىدا باشقا نام بىلەن ئاتىلى-
دۇ. مەسىلەن، ئەزەربەيجانلاردا موللا نەسىردىن، تا-
جىكلاردا موللا مۇشفىقى، قازاق ۋە قىرغىزلاردا ئالدار
كۆسە، تۈركلەردە نەسىردىن خوجا، تاتارلاردا ئەخ-
مەت ئەكەي ۋە باشقىلار.

لېكىن قانداق نام بىلەن يۈرگۈزۈلمىسۇن ئەپەن-
دى گىبرالتار بوغۇزىدىن تارتىپ تا جۇڭگوغىچە مەش-
ھۇردۇر.

خەلق ياراتقان نەسىردىن ئەپەندى ھەمىشە خەلق
بىلەن بىللە ياشايدۇ، بىللە يۈرىدۇ، بىللە تۇرىدۇ.
ئاددى ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆڭۈل ئاچقۇسى كەلسە، دەرھال ئەپەن-
دىنى ياردەمگە چاقىرىشىدۇ. ئەپەندىنىڭ ئىسمىنى
ئاتىشىمۇ پاراق-پۇرۇق كۈلكىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇ
يىغلاۋاتقان ئادەمنىڭ كۆز ياشلىرىنى قۇرۇتىدۇ، دەرت-
مەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ، باشقىلارنى بولسا
قاھ-قاھ كۈلدۈرىدۇ.

بەزىبىر ئەدىبىياتشۇناس ۋە فولكلورچى ئالىملار،
بولۇپمۇ تۈرك فولكلورچىلىرى، ئەنە شۇ نەسىردىن ئە-
پەندىنى تارىخى شەخس، بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە تۇ-
غۇلۇپ چوڭ بولغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە
دەپنە قىلىنغان دەپ دەۋا قىلىشماقتا. ئۇلار ئۆز پىكىر-
لىرىنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن ھەتتا نەسىردىن ئەپەن-
دىگە مەقبەرە سىمۇ قۇرۇشقان. ئۇلارنىڭ دەۋاسىغا قارىغان-
دا، نەسىردىن ئەپەندى تۈركىيىنىڭ ئاقشەھىر دېگەن

كىچىك ئەھرەمدە XIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تۇغۇلۇپ ياشىغان ئىمىش. بۇ ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە بولمىغان دەۋادۇر. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئەپەندى ئۈستىدا ئىلمىي ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياش، سوۋېت تەتقىقاتچىسى ك. دەۋلەتوۋ ھۆددەۋانىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىنچىكە دەلىللەر ئاساسىدا ئىسپاتلاپ بەردى.

بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۆزبەك خەلقى ئارىسىدا ئىككى مىڭدىن ئوشۇق ئەپەندى لەتىپىلىرى ئېيتىلىپ يۈرىدۇ. لېكىن بۇ لەتىپىلەرنى تېخى ھېچكىم توپلاپ مەلۇم بىر تەرتىپكە سالغان ئەمەس. شۇنداق ئالىيجاناپ ئىشنى قوقانلىق يازغۇچى ھەرۇسۇل باشلىغان ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئاقىۋەتسىز ئۆلۈمى بۇ ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئىمكان بەرمىدى. شەرىپ رىزا بار-يوقى ئالتە دانە كىچىك-كىچىك "ئەپەندى لەتىپىلىرى" توپلىمىنى چىقىرىشقا مۇيەسسەر بولدى. بۇ كىتابلاردا ئىككى يۈز ئەللىكتىن ئوشۇق لەتىپە بار.

كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىنىۋاتقان بۇ توپلام بۈگۈنگىچە چىققان لەتىپىلەر توپلىمىنىڭ مۇكەممىلى دېسە بولىدۇ. بۇ كىتابتا پەقەت لەتىپىلەرنى بىر ئابدۇللايېۋ بىلەن ئەدھەم رەھمەت توپلىغان. توپلامغا بەش يۈزدىن كۆپرەك لەتىپە كىرگۈزۈلدى. لېكىن بۇلار ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ بىر قىسمىلا بولىدۇ.

كىتاۋىمىزنى يېڭى ۋە يېڭى لەتىپىلەر بىلەن بېيىتىشنى ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە تاپشۇرىمىز. كىتاۋىمىزنىڭ كېيىنكى نەشرلىرىنى كىتابخانلىرىمىز ئەۋەتكەن لەتىپىلەر بىلەن

تولدۇرارمىز دەپ ئۇمۇت قىلىمىز.




## بۇنىڭ چىقىمىنى كىم تۆلەيدۇ؟

ئەپەندى ناھايىتى بودۇنىۋازىدى، ئۇنىڭ بەختىگە شۇ ژىلى بودۇنە ئەرغۇن بولۇپ، ئوۋچىلار بازارغا سىۋەت-سىۋەت بودۇنە ئېلىپ كېلىشىۋېرىشتى.

ئەپەندى بودۇنىنىڭ ئەللىك دانىسىنى سېتىۋېلىپ ئەپكېلىپ، تازىلاپ، زىرە-پىياز قىلىپ، قازان كاۋاپ قىلدى-دە، بىر ئەركوكۇلى تاتقان ئەلچىتى-بىلەن مەي ئىچكىسى كەلدى ۋە ئەلپەت ئىزلەپ مەھەللىگە چىقتى.

ئەپەندىگە بەش-ئون دانە بودۇنىنى سوۋغا قىلىپ ئېلىپ كەلگەن بىر ئوۋچى ئاغىنىسى ئۇنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ قازان كاۋاپ تەييار... ئاغىنىسى ئولتاردى-دە، تازا بىلەپ قازان كاۋاپنى يەۋالدى ۋە ئىرىت بودۇنىلەرنى جاۋۇرنى دۈمكومۇرۇپ سولاپ قويۇپ ئۈستىدىن دەستىخاننى يېپىپ، چىقىپ كەتتى.

ئەپەندى ئۆزىنىڭ كوڭۇلى تاتقان ئاغىنىسى بىلەن كېلىپ تورگە جاي سالدى ۋە پىيالىلارغا مەي قۇيۇپ-جاۋۇرنى ئاچسا، بودۇنىلەر پىرىر-ر قىلىپ ئۇچۇپ كېتىشتى.

ئى خۇدا! - دېدى ئەپەندى، - بودۇنىلەرگە جان - كىرگۈزۈپسەن، بۇنىڭغا قايىلمەن، لېكىن بىزنىڭ چىشلىرىمىزنى كىم تولىيدۇ؟...

كورۇشەلمەسلىك خەيىر..

- ئەپەندى ئۆيىدە بىر نەرسىدىن خاپا بولۇپ ئولتۇراتتى، كوچا ئىشىكنى تاقىلدىدى، چىقسا، بىر ۋاقىت پويىزدا بىللە بولۇپ، ئەپەندىنىڭ ئۆي ئادرېسىنى يېزىۋالغان بىر كىشى ئىكەن.

- ئۆتۈپ كەتكەنلىگىمنى ئەپەندى ئاڭلاپ قالسا خاپا بولۇپ ژۇمسۇن يەنە دەپ، بىلەت كويسىمى- دەيلى دەپ پويىزدىن چۈشۈپ قالدىم، - دېدى ئۇ.

- ھەي - ھەي ... ناھايىتى چوڭ ئىش قىلمىسىڭىز لا، - دېدى ئەپەندى ئىچىنى ئەرھەمەت...

ئەپەندى مېھمانغا نانغا چاي قىلىپ كۈتۈلمىگەن مېھماننى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن تۆرگە چىقاردى.

ئەپەندى ئىچكىرىدىن چاي ئېلىپ چىققىچە، مېھمان بىر پەتنۇس نانىنى يەپ، پاكىزە قىلىپ قويدى.

ئەپەندى چاينى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، نان ئېلىپ چىقمىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە كىردى: نان ئېلىپ چىقىپ ئەندى ئولتۇراي دېگەندە، مېھمان بوش چەينەكنى ئۇنىڭغا سۇرۇپ قويدى.

- ئەپەندى ... مەن چاي ئېلىپ چىققىچە بولتە ئالمىنى تۈگۈتۈپ قويىمىسىلا... دېدى ئەپەندى.

ئىككى پەتنۇس نان، بەش كىچىك چەينەك چاي يەپ - ئىچىلگەندىن كېيىن ئىچكىرىدىن يوغان چىنە تاۋاقتا گۆشلۈك پولۇ ئېلىپ چىقىلدى، مېھمان يېگىنى تۈرۈپ، پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ تاۋاقتىكى [illegible]

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook

دىكى گۈللەرنىمۇ ئوتتۇرانچى بارمىغى بىلەن ئو زىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ جۈپ-جۈپ قىلىپ ئېلىۋەردى، ئارىلاپ-ئارىلاپ "دەرتكە شىپا" دەپ، ئانىمۇ چىشلەپ قوياتتى. يەنە چايخورلۇق باشلىنىپ كەتتى.

يېرىم كېچە بولغاندا ئەپەندى تەنە ئارىلاش سوردى:

- تېنىڭىزغا قانداق، ئاغىنە، يەنە قوغۇن بىلەن نان كېتەمدۇ؟

- ۋاي، زېرەك ئادەمنىڭ قۇربانى بولاي....

مېھمان قوغۇن بىلەن ناننى يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، يېتىش ئالدىدىن ئەپەندىگە دېدى:

- ئېغىر كەلمىسە كېلىنگە كىرىپ ئېيتىپ قويسىلا ئاشتىغا بولىدىغان شويلىغا تۆت تالغىنا كۆك لازا تاشلاپ قويسا، مەزىلىك بولاتتىمىكىن، ماناكورۇپ تۇرۇپ سىزغۇ، ئېيتىشىم يوق. ئۆزەمنى تۇتۇۋاقا كۆرسۈتۈپ - ئېيتەي ئاچچىقسىغان دەردىنى ئالغىلى كەلگەن ئىدىم. بىر ئون كۈنچە شۇيەردە بولۇمەن. راسا مۇڭداشقىلىمىز...

ئەپەندى كەچۈرۈم سورىدى:

- خۇدانىڭ كېسەللىكلىرى كۆپىيىپ كەتتە. سىز ئېيتەيىنى ئاچىدىغان دورا ئىزلەپ كەلگەن بولسىڭىز، مەن ئېيتەيىنى يوغۇدىغان دورىنى ئىزلەپ ئەتە سەھەردە سەمەرقەنگە كەتمەكچىمەن. كورۇشالماي قالساق دېير...

ئەرتىگە توغرى

ئەپەندىنىڭ ئانىسى ئۆينىڭ دوپپىسىغا جىگدە تۇشقۇزۇپ بەردى-دە: "سەن ئېشەك تۆۋىدىن قىمىرقىلما، مەن مازىر كېلىمەن" دەپ مېھمانغا كەتتى.